# ياشلىق باھارىمىزدا ياشلىق گۈللىرىمىزنى پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرىمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇرتى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ كەلگەن لىۋ يىتىڭ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە خۇددى يۇلغۇندەك چېگرا رايونىدا يىلتىز تارتىپ كەلدى.

«ئەسلىسەم، دەسلەپ كەلگەن ئاشۇ يىللار ھەقىقەتەن جاپالىق ئىدى، كېسەك ئۆيدە تۇراتتۇق، توپا يولدا ماڭاتتۇق، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە ناتونۇش ئىدى، تەبىئىي مۇھىتمۇ يۇرتىمىزنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىنەتتى، ھەقىقەتەن كۆنەلمىگەنىدۇق.» بۈگۈنكى كۈندە چاچلىرى ئاقارغان ئۇ قىلچە پۇشايمان قىلمىدى، «لېكىن بۇ يەردە جاپالىق كۈنلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەچكە، ھەقىقەتەن كېتىشكە كۆزىمىز قىيمايدۇ. ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىشتا، دەسلەپتە غەيرىتىمىز ئۇرغۇپ قايناق ھېسسىياتقا تولغانىدۇق، كېيىنچە تايانغىنىمىز قايناق ھېسسىيات بېسىققاندىن كېيىنكى مەسئۇلىيەت ۋە چىدامچانلىق بولدى».

لىۋ يىتىڭنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە چىدامچانلىقى دەرسخانا مۇنبىرى ئالدىدا ئولتۇرغان ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇنىڭ قەتئىيلىكى نۇرغۇن بالىنى گۈزەل ئەتىگە ئېرىشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئۈمىد ئۇرۇقىنى چاچتى.

يۇرت شېۋىسى ھازىرغىچە ئۆزگەرمىگىنى بىلەن، ئالىلقاچان چىن كۆڭلىدىن ئۆزىنى شىنجاڭلىق، دەپ قارايدىغان بولدى، لىۋ يىتىڭ ئەنە شۇنداق، ئاشۇ دەۋردىكى شىنجاڭ بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلگەن مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ياشلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق!

«يېڭى بىر ئەۋلاد ۋەتەن ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك!» 1984 ـ يىلى، جۇڭگو گېئولوگىيە داشۆسى(ۋۇخەن) نېفت فىزىكىلىق چارلاش كەسپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، چې لىشىن ئۇستازىغا بۇ سۆزنى قىلىپلا، تارىم ئويمانلىقىغا بېرىپ خىزمەت قىلدى، شۇ يىلى تارىم ئويمانلىقىدا نېفت، تەبىئىي گاز چارلاش جېڭىنىڭ مۇقەددىمىسى رەسمىي باشلاندى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا، نېفتچىلارنىڭ خىزمەت شارائىتى ئەسلىدىنلا ئادەتتىن تاشقىرى جاپالىق ئىدى، مەشغۇلات قىلغاندا ئادەم كۈچىگە تايىنىپ تارتىش، يۈدۈپ توشۇشقا توغرا كېلەتتى، قاتتىق ـ قۇرۇق تاماق يەيتتى، ئاددىي قۇراشتۇرما ئۆيلەردە ئۇخلايتتى. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ يازدا قاتتىق ئىسسىق، قىشتا سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق مۇھىتى ئادەمنى روھىي ۋە ئىرادە جەھەتتىن سىنايتتى.

36 يىللىق كۈرەش قىلىش جەريانىدا، چې لىشىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جۇڭگونىڭ نېفت، تەبىئىي گاز بايلىقى مۇھىم بازىسىغا ئايلانغانلىقى، شىنجاڭنىڭ تېز تەرەققىي قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولدى. 36 يىل ۋاقىتتا، ئۇمۇ تەجرىبىسىز ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىدىن جۇڭگو نېفت خىمىيە چارلاش ساھەسىدىكى باش مۇتەخەسسىس بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

يىللار ئۆتتى، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۈگۈنكى شىنجاڭ كۈنسايىن يېڭىلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ گۈللەندى، مۇقىم بولدى، ئاشۇ ئىلگىرىكى ئالدىن يۈرگۈچىلەر بارا ـ بارا ياشىنىپ قالدى.

«چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش، بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئورۇنداپ بولالايدىغان ۋەزىپە ئەمەس، ئۇنىڭ بىر باسقۇچىغا قاتنىشالىدىم، بۇ ئۆمرۈم بىكارغا كەتمىدى.» لىۋ يىتىڭ مۇنداق دېدى: «ھەر قېتىم بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى يۈزلىنىگەندە، مەن تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭغا سالام بېرىمەن».

### داۋاملاشما كۈرەش جەريانىدا قالتىس كىشىلىك ھاياتنى نامايان قىلىش

«بىلىملىك زاتلار ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلىشى كېرەك، چۈنكى ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق.» دەۋر ئوخشىمايدۇ، ھەربىر ياشنىڭ زىممىسىدىكى بۇرچمۇ ئوخشىمايدۇ، ئەمما يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببەت ئۇلارنىڭ ئورتاق بەلگىسى.

كوئېنلۇن ئۆزىنى مەن ھەيۋەتلىك دېمەيدۇ. بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى 8 ـ گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ باشلىقى ۋەن جيەنلىڭ كوئېنلۇن تېغىنى تىلغا ئالغاندا دائىم دەيدىغان سۆز.

«گېئولوگىيەلىك چارلاش كەسپىدە ئوقۇدۇم، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ قېزىلما بايلىق مول رايونغا كەلمىسەم، دۆلەتنىڭ تەربىيىلىشىگە يۈز كېلەلمەيمەن، ئۆزۈمگىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن.» مۇشۇنداق ئىرادە بىلەن 2009 ـ يىلى، بويى ئېگىز، بەستلىك كەلگەن بۇ يىگىت شىنجاڭغا كەلدى، شۇ تۇرغىنىچە سەككىز يىل تۇردى.

سەككىز يىلدا، ئۇ ئىلگىرى كان ئىزدەش ئۈچۈن ئېگىزلىكتە توڭلاپ ئۆلۈپ قالغىلى تاسلا قالدى، سەككىز قېتىم ئېگىزلىك كېسەللىكى بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالاندى؛ ئېگىزلىكتە بىر كۈندە 39 كىلومېتىر پىيادە ماڭدى، ئەڭ ئۇزاق بولغان بىر قېتىمدا ئالتە ئاي ئىش رايونىدىن ئايرىلمىدى، كەسپىي تاغقا چىققۇچىلار ئايىغىدىن نەچچە جۈپنى ئۆپراتتى.

مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، ۋەن جيەنلىڭ ۋە ئەترەت ئەزالىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كوئېنلۇن تېغىدىكى كۆپ جايدا قوغۇشۇن ـ سىنك كېنىنى بايقىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ تىپتىكى قوغۇشۇن ـ سىنك كېنى ئىدى.

«خىزمەتكە قاتناشقان چاغدىكى ‹كان ئىزدەشتە خىزمەت كۆرسىتىپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرىمەن› دېگەن ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇردۇم، مەن ئۆزۈمنىڭ تاللىشىم ۋە قەتئىيلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن» دېدى ۋەن جيەنلىڭ قەتئىيلىك بىلەن.

«شىنجاڭغا كەلگىلى 16 يىل بولدى، بۇ جاي مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم بولۇپ قالدى» دېدى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، قومۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى خۇ شياۋجۈن.

خۇ شياۋجۈن گەنسۇ تيەنشۈيدىن، گەنسۇ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنى پۈتكۈزگەن. 2004 ـ يىلى خۇ شياۋجۈن سەككىز ساۋاقدىشى بىلەن بىللە شىنجاڭغا كېلىپ، ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، ئىشنى تېخنىك بولۇشتىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلدى.

ئون نەچچە يىل شىنجاڭدا خىزمەت قىلىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا، خۇ شياۋجۈن باشتىن ـ ئاخىر ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، شۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلدى. يىلتىز تارتقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرەك ساداسىنى مۇنداق بىلدۈردى: «ھازىر، ئاساسىي قاتلامنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت شارائىتىدا ناھايىتى زور ياخشىلىنىش بولدى، شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىشنى تاللىغان كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بۇ يەردە كۆڭلىنى توختىتىپ، كەمتەر بولۇپ، يىلتىز تارتىشنى ئۈمىد قىلىمەن، بىز ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىق تىرىشىپ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياشلىق باھارىمىزنى جۇلالاندۇرىمىز!»

### چېگرا رايونىدا يىلتىز تارتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرغۇچىلاردىن بولۇش

يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغاندا، كۈرەش قىلىش يەنىلا ياشلىق باھارىدا بولۇشقا تېگىشلىك قىياپەت.

2017 ـ يىلى، لىۋ شىن جۇڭگو نېفت داشۆسى(بېيجىڭ) گېئولوگىيە قۇرۇلۇشى كەسپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن شىنجاڭغا، چۆل ـ باياۋاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى نېفتلىككە كەلدى.

ئۇ ئۆزىنى تەلەيلىك، دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ ئۈچ يىلدىلا، دۇنيادىكى كۆلىمى ئەڭ زور تەييار قورام تاشلىق نېفتلىك — ماخۇ نېفتلىكىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا قاتناشتى ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولدى.

لىۋ شىن بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈگەنگەنلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ماخۇ نېفتىلىك رايونى قۇرۇلۇشىدا قوللاندى، بولۇپمۇ ماخۇ نېفتلىك رايونىدىكى تۇنجى كۆلەملەشكەن قۇرۇلۇش ئىشلەپچىقىرىش رايونى ماخۇ 18 ـ قۇدۇق رايونىنىڭ بەيكۇچۇەن گۇرۇپپىسىدىكى نېفت زاپىسىنى ئېچىش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تۈرگە ئايرىپ تەھلىل قىلىپ، بۇ نېفت زاپىسىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېچىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

بىرىلىپ تەتقىق قىلىش غەيرىتى ۋە جان تىكىپ ئىش ئىشلەش جاسارىتىگە تايىنىپ، لىۋ شىن قورام تاشلىق نېفت زاپىسىنى باشقۇرۇشتا مول تەجرىبە توپلىدى، ھەر قېتىم ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۇنى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلدۈردى.

نېفتلىكنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەن ئىكەنسىز، نېفتچى بولىسىز. قارامايغا كەلگەن ئۈچ يىلدىن بۇيان، لىۋ شىن تەجرىبىسىز ياشتىن نېفت ئېلىش زاۋۇتىنىڭ ياش پەن تەتقىقات تايادىچىسىغا ئايلاندى، خۇددى 36 يىلنىڭ ئالدىدا چۆل ـ باياۋاندىكى نېفتلىككە كىرىپ ئۇلۇغۋار ئىرادە باغلىغان چې لىشىنغا ئوخشاش.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئەۋلادمۇئەۋلاد داشۆسڭلار «مەن ۋەتەنگە نېفت تەقدىم قىلىمەن» دېگەن ئېتىقادنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلدى. يېقىنقى 20 يىلدا، جۇڭگو نېفت خىمىيەسى غەربىي شىمال نېفتلىكىلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى 31 ئۆلكىدىن كەلگەن 2392 داشۆسڭنى كۈتۈۋالدى. دەل ئۇلارنىڭ جان تىكىپ ئىشلىشىپ ئۆزىنى بېغىشلىشى ئارقىلىق، غەربىي شىمال نېفتلىكى 1978 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيان، نېفت مەھسۇلات مىقدارى جەمئىي 100 مىليون توننىدىن ئاشتى، ھەممە 10 مىليون تونىنا دەرىجىلىك چوڭ نېفتلىك، گازلىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىغا قاراپ چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى.

ياشلىق ھاياتىدا يۈ ياڭ ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات قىممىتىنى تاپتى.

«ياشلار ئىرادىلىك بولسا، ھەممە يەردە ئىرادە تىكلىيەلەيدۇ. ۋەتەن ئېھتىياجلىق جاي، دەل مېنىڭ يۇرتۇم.» 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، مۇخبىرلار لوپنۇر ناھىيەلىك باج ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان يۈ ياڭدىن نېمە ئۈچۈن شىنجاڭغا كېلىشنى تاللىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئىزچىل قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ كەلگەن بۇ شېئىرنى ئوقۇدى.

2017 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈش مەزگىلىدە، يۈ ياڭ خېبېي پەن ـ تېخنىكا داشۆسى ئۈتكۈزگەن بىر مەيدان غەربىي قىسىم پىلانى پىدائىيلىرى لېكسىيە ئۈمەكىنىڭ دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى، دەل بۇ مەيدان يىغىن يۈ ياڭنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ يالقۇنىغا ئوت تۇتاشتۇردى. لېكسىيە يىغىنىدا، سۈرەتتىكى ھەر مىللەت بالىلارنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىگە قاراپ، ھەرقايسى جايلاردىكى پىدائىيلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، «غەربىي قىسىم پىلانى»غا ئاتلىنىش ئارزۇسى شۇ دەقىقىدە يۈ ياڭنىڭ قەلبىدە بىخ سۈردى.

ئەينى يىلى، يۈ ياڭ خېبېي ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرلۇق ئىمتىھانىنىڭ يۇزتۇرا ئىمتىھانىغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئانا مەكتىپىنىڭ «ئارزۇنى تۈرتكە قىلىپ، ياشلىق باھارىغا يۈز كېلىش» دېگەن ئىلھاملاندۇرۇش سۆزىنى ئېلىپ، غەربكە ماڭغان پويىزغا چىقىپ شىنجاڭغا كەلدى.

خىزمەت ئورنىغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، يۈ ياڭ داشۆسلىك پىدائىي سالاھىيىتى بىلەن لوپنۇر ناھىيەسى گۈلباغ يېزىسىنىڭ ئاقچىكە كەنتىگە بېرىپ چېنىقىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلدى. يېرىم يىلدا ئۇ ئاقچىكە كەنتىنىڭ ھەربىر كوچىسىنى ئارىلاپ چىقتى، قىزغىن، ئاددىي ـ ساددا كەنت ئاھالىلىرى، سەبىي، ئوماق بالىلار، خۇش ھىدى ئەتراپقا تارالغان مېۋە ـ چېۋىلەر... بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ غەربىي قىسىمدا قېلىش ئېتىقادىنى چىڭىتتى.

2018 ـ يىلى، بىر يىللىق پىدائىيلىق مۇلازىمىتى مۇددىتى توشقاندا، يۈ ياڭ بۇ يەردە يىلتىز تارتىشنى تاللاپ، دۆلەت مەمۇرلۇق ئىمتىھانى ئارقىلىق، لوپنۇر ناھىيەلىك باج ئىدارىسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، شىنجاڭدا كىشىلىك ھايات قىممىتىنى داۋاملىق پۈتتى.

«ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدا بىزنىڭ نۇرغۇن تاللىشىمىز بار، لېكىن مەن قېپقېلىشنى تاللىدىم، شىنجاڭدا يىلتىز تارتىشنى تاللىدىم، مەن نۇرغۇن شىنجاڭلىق كىشىلەرگە ئوخشاش شىنجاڭنىڭ ئىگىلىرىدىن بىرى بولدۇم، شىنجاڭنى گۈللەندۈرگۈچىلەر، شىنجاڭنى قوغدىغۇچىلارنىڭ بىر ئەزاسى بولدۇم.» قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن شۇ كۈنى، يۈ ياڭنىڭ دوستلار چەمبىرىكىدىكى بۇ سۆزى 100دىن ئارتۇق دىيەنزەنگە ئېرىشتى.

سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2003 ـ يىلى داشۆسلىك پىدائىيلار مۇلازىمىتى غەربىي قىسىم پىلانى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى غەربىي قىسىم پىلانىنى يولغا قويغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇدا 18 يىل يولغا قويغان، قوبۇل قىلىنغان داشۆسلىك پىدائىي جەمئىي 24 مىڭدىن ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكىرى رايونلاردىن قوبۇل قىلىنغانلار 19 مىڭدىن ئاشقان.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىر مەيدان كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش. تۈركۈم ـ تۈركۈم قۇرغۇچىلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ، چېگرا رايونىدا يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايونغا مۇلازىمەت قىلىپ، چېگرا رايونىنى قوغدىغاچقا، ئاندىن بۈگۈنكى شىنجاڭ بولغان. يېڭى دەۋردە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار كۈچ ئۇلاش تايىقىنى باتۇرلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈۋالايلى، ياشلىق ھاياتىمىزدا ئارزۇ ئۈچۈن ئۇچقاندەك ئاتلىنايلى. مۇشۇ پەيتتە، بىز ھەممىمىز «خەت تاپشۇرۇۋالغۇچى».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 33 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئاقسۇ شەھىرىدىكى كىچىك ناۋايخانىلارنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، نانچىلىق كەسپىنىڭ ئائىلىۋى ھۈنەرخانا شەكلىدىكى يەككە تىجارەتتىن مەركەزلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتىگە ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، «كارخانا + ھەمكارلىق كوپىراتىپى + دېھقان ئائىلىسى» تىجارەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، خام ماتېرىيال بىلەن بىرتۇتاش تەمىنلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى بىرتۇتاش تەشكىللەپ، ماركېتنى بىرتۇتاش باشقۇرۇپ، مۇۋاپىق ئىش تەقسىماتى، «تور‌دا + تور سىرتىدا» «زاكاز + پارچە سېتىش» تىجارەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى.

ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى نان يېقىش رايونى، نان مەدەنىيىتى كۆرگەزمە زالى، تاۋار سېتىش رايونى، ئېلېكترونلۇق سودا رايونى، نان مەدەنىيىتىنى ھېس قىلىش رايونى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، نان مەھسۇلاتلىرىنى ئوراپ قاچىلاش، سېتىش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش بىر گەۋدە قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇرۇشلەشكەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش ـ كۆرۈش، يېمەك ـ ئىچمەك، ئارام ئېلىش قاتارلىق كېڭەيتىلگەن قوشۇمچە ئىقتىدارغا ئىگە.

ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى ماركېتلىق بۆلۈمىنىڭ باش نازارەتچىسى سۈي بىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى شەھەر ـ يېزىلارغا تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، تور نۇقتىلىرىدا پارچە سېتىش، ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمىتى قاتارلىق ئىش ئورۇنلىرىنى يېڭىدىن كۆپەيتىپ، ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىنى كېڭەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نانچىلىق كەسپىنى زاۋۇتلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئاقسۇ نېنى سۈپەتلىك ماركا ئېففېكتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاقسۇ نېنى سۈپەتلىك ماركىسىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

سۈي بىڭ مۇنداق دېدى: «نان گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى كىچىك ئەمەس. كەسپلەشتۈرۈشكە يۈزلەنگەندە، ئەنئەنىۋى ئۆزى ئىستېمال قىلىشنى ئاساس قىلغان نان مەھسۇلاتلىرىنى تېخىمۇ چوڭ بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، تېخىمۇ چوڭ قىممەت ياراتقىلى بولىدۇ».

ھازىر، بەش ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىسى نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىغا ماكانلاشتى. نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى ئېلېكترونلۇق سودا جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىنى ئېلېكترونلۇق سودا سۈپىسىدا نان سېتىشقا ئىلھاملاندۇردى، ھازىر بۇ سۈپىدا تورغا چىققان دۇكان 54 بولۇپ، كۈندىلىك ئوتتۇرىچە زاكاز مىقدارى 1000 ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ. دادۇڭمەي، شۈنفېڭ، ئەنېڭ قاتارلىق ئەشيا ئوبوروت كارخانىلىرى بۇ يەرگە ماكانلىشىپ، نانچىلىق كەسپ زەنجىرىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تاماق ئۈستىلىگە بىۋاستە تۇتاشتۇردى.

### ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك يېڭى ئۆزگىرىشنى كۈتۈۋالدى

38 ياشلىق ئالىم ماموت ئاقسۇ شەھىرى ۋاڭسەن كوچىسىدىكى خېلى نامى بار ئۇستا ناۋاي، ئۇ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئايكۆل بازىرى كۆل كەنتىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، بالىلىق چاغلىرىدا ئانىسى نان ياققان كۈنلەردە خۇددى بايرام بولغاندەك بەختكە چۆمىدىكەن.

ئالىم 18 يېشىدا ناۋاي ئۇستامدىن ھۈنەر ئۆگەندى، ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ جاپا تارتىش، كۆمۈر قالايدىغان تونۇردىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئىسسىق ھارارەت، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدىكى ئىس ـ تۈتەكتىن بۇ كەسپكە كىرگىنىگە پۇشايمان قىلدى. ئۇستامدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇ قەتئىي ھالدا كەسپ ئالماشتۇرۇپ تاكسى شوپۇرى بولدى. 2016 ـ يىلى، ئۇ تاكسىنى سېتىۋېتىپ، ۋاڭسەن كوچىسىدىن بىر دۇكان ئېلىپ ناۋايخانا ئاچتى.

بۇ يىل، ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى پۈتكەندىن كېيىن، ئالىم بىراقلا توك تونۇردىن 18نى سېتىۋېلىپ، شاگىرتلىرىنى باشلاپ «بىراقلا» نان يېقىش سېخىغا كۆچۈپ كەلدى. «بۇ يەردە نان ياقساق مۇھىتنى تېخىمۇ ئاسىرىغىلى بولىدۇ، نان تېخىمۇ پاكىز بولىدۇ» دېدى ئۇ.

ئوتتۇن قالايدىغان تونۇردىن، كۆمۈر قالايدىغان تونۇرغىچە، ئاندىن توك تونۇرغىچە؛ ئائىلىدە ئىستېمال قىلىشتىن، دۇكاندا پارچە سېتىشقىچە، ئاندىن كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقىچە، ئالىم نانچىلىق كەسپىدىكى ئۆزگىرىش ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئېلىپ كەلگەن يېڭى سودا پۇرسىتىگە گۇۋاھ بولدى.

ئىشلەپچىقىرىش سېخىنىڭ مەسئۇلى ئايىزگۈل نۇر مۇنداق تونۇشتۇردى: نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىدا ھازىر 600دىن ئارتۇق خادىم بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇستام ۋە شاگىرتتىن 480 كىشى بار بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر ئۇستام ئۈچ شاگىرتنى يېتەكلەيدۇ. قالغانلىرى يۆتكەش ـ توشۇش ئىشچىسى، ئوراش ـ قاچىلاش ئىشچىسى، ئامانلىق ساقلاش ـ تازىلىق ئىشچىسى، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش ئىشچىسى. ئاقسۇ شەھىرىدىن باشقا، ئاۋات ناھىيەسى، ئونسۇ ناھىيەسى، ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدىن كەلگەن خادىملارمۇ بار. ھازىر خادىملارنىڭ ئىش ھەققى كۈن بويىچە ھېسابلىنىدۇ، ئۇستاملارنىڭ كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 600 ـ 400 يۈەن، شاگىرتلارنىڭ 200 يۈەن ئەتراپىدا بولىدۇ.

«تونۇر ھەقسىز تەمىنلىنىدۇ، ئۇلار سۇ، توك، يېقىلغۇ گاز ھەققى تاپشۇرسىلا بولىدۇ. ھەربىر نانغا ھۆكۈمەت 0.5 يۈەن ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىدۇ، ئىشلىگەن ئىشقا قاراپ ئىش ھەققى ھېسابلىنىدۇ، ياققان نېنى قانچە كۆپ بولسا، ئىش ھەققىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ» دېدى ئايىزگۈل.

ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى نانچىلىقنى يىغىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە ناننى ئوراپ قاچىلاشمۇ بىر تۈركۈم ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. شىنجاڭ خۇڭيۇ ئوراش ـ قاچىلاش چەكلىك شىركىتىدە جەمئىي 35 ئىشچى بولۇپ، ئۇلار مەخسۇس ھەر خىل نان ئوراش ـ قاچىلاش قېپى ياسايدۇ، كۈنىگە 50 مىڭدىن ئارتۇقنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

شۇ كۈنى، ئىشچى مەۋلان مەمەت نان ئوراش ـ قاچىلاش قېپى ياساۋاتاتتى، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى مەن ئائىلىدە يەر تېرىپ، بىر يىلدا ئاران 20 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلالايتتىم، ھازىر ئوراش ـ قاچىلاش شىركىتىدە ئىشلەپ، بىر ئايدا 5000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپالايمەن» دېدى.

### كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سۈپەتلىك ماركا بەرپا قىلىش

نان ياغاق بىلەن ئۇچراشتى، نان پىياز بىلەن ئۇچراشتى، نان قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن ئۇچراشتى... ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىنىڭ 2 ـ قەۋىتىدىكى سېتىش رايونىدا، ھەر خىل نەپىس لايىھەلەنگەن ئوراش ـ قاچىلاش قاپلىرى ۋە ۋاكۇئۇملۇق ئوراپ قاچىلانغان نانلار مال جازىسىغا رەتلىك تىزىلغانىدى.

«نان ۋاكۇئۇملۇق ئوراپ قاچىلانغاندىن كېيىن ساقلاش ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە تېخىمۇ قولايلىق بولىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەرگە سوۋغا قىلسا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، بۇ كەسپلەر باغچىمىزنىڭ خاس سۈپەتلىك ماركىسى» دېدى سۈي بىڭ مال جازىسىدىكى ئوراش ـ قاچىلاش قېپىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

گىردە نان، سۈت نان، گۈلقەنت نان، پىياز نان، قاتلىما نان... ھازىر، كەسپلەر باغچىسى ھەر كۈنى 70 خىل ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى 600 مىڭ دانە نان ئىشلەپچىقىرىدۇ.

نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى كۆرگەزمە زالىدىكى ھەربىر پارچە سۈرەت، ھەربىر ئەمەلىي بۇيۇم، مودېل، كۆرگەزمە تاختىسىدا ناننىڭ تارىختىن بۇيانقى تەييارلىنىش ھۈنەر ـ سەنئىتى، تۈرى، ئوزۇقلۇق قىممىتى ھەم ئەنئەنىسى بىلەن ھازىرقى زاماندىكى ئۆزگىرىشى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغانىدى.

ساياھەتچى لى جىڭجىڭنىڭ ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىغا تۇنجى قېتىم كېلىشى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن نان يېيىشكە بەك ئامراق، لېكىن نان مەدەنىيىتىگە بولغان چۈشەنچەم ناھايىتى ئاز ئىدى، بۇ يەردە نان مەدەنىيىتىنى چۈشەنگىلى بولىدىكەن، يېگىنىمنىڭ نانلا ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلدىم، يەنە نان مەدەنىيىتىنىمۇ ھېس قىلدىم».

سۈي بىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى «كەسپ + مەدەنىيەت + ساياھەت + ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق زامانىۋى نان يېقىش ھۈنىرىنى ئەنئەنىۋى نان يېقىش ھۈنىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كەسپلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئالغا سىلجىتتى. بۇنىڭدىن باشقا، كەسپلەر باغچىسى يەنە شەھەر ـ يېزىلارغا تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، تور نۇقتىلىرىدا پارچە سېتىش، ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمىتى قاتارلىق ئىش ئورۇنلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى ئۈنۈملۈك كېڭەيتتى، كەسپلەر باغچىسى 4000دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن بىۋاستە تەمىنلەپ، ئالاقىدار بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كەسپ زەنجىرىنىڭ 10 مىڭدىن 20 مىڭغىچە ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.